# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بىزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمىز، قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرساقلا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر كۆرۈپ يېتەلەيمىز، توغرا ئىگىلىيەلەيمىز.

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار تارىخنى ئۆگىنىپ داۋالىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇلۇغ كۆرەش قىلىش مۇساپىسىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىش كېرەك.

داغدام يولنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تارىخنى بىلىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتە، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە چوڭ يۈزلىنىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى باشتىن - ئاخىر ئىگىلەش كېرەك. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ، لېكىن ئادەم بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي پاسسىپ ئەمەس. 100 يىللىق كۆرەش قىلىش داۋامىدا، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بويىچە تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشنى تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشقا ماھىر بولدى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پۈتۈن پارتىيەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆڭلىگە پۈككۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، چوڭ تارىخىي قاراشنى تۇرغۇزۇپ، تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنى، دەۋر دولقۇنى، يەرشارىۋى ۋەزىيەتتىن ئۆزگىرىش مېخانىزمىنى تەھلىل قىلىپ، تارىخىي قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇناسىپ ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكلىكى، ئىجادىيلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يېتەكچى ئىدىيە بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ مەنىۋى بايرىقى. ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشتە، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت كۈچى ۋە ئەمەلىيەت كۈچىنى ھېس قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ تارىخى ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش تارىخى، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، نەزەرىيە يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش تارىخى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيەنىڭ ئاجايىپ مۇساپىسىدىن ماركسىزمنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگونى چوڭقۇر ئۆزگەرتكەنلىكى، دۇنيانى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش مۇساپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىيلىكى، ھەقىقەتلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، قاراش، ئۇسۇلنى سىستېمىلىق ئىگىلەشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەنىڭ جېنى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق چوڭ پارتىيەگە ئايلىنىپ، ئەسىر ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىنىڭ ئاچقۇچى. قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا توغرىلىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

«ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر.» ئەمەلىي ئىش قىلىشتا، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ روشەن خىسلىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تارىخى پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تارىخى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇش تارىخى. ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، بىر قاتار ئۇلۇغ روھنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مەنىۋى شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇپ، بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش، پارتىيەنى گۈللەندۈرۈش، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىزنى مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پۈتۈن پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر خەلقنى قەلبىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئورنىغا قويۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، قىزىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتە كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتۈن خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشقا، ئورتاق بېيىشتا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ قىلىپ مۇجەسسەملەش كېرەك.

تارىخنى ئۆگىنىش كەلگۈسىگە تېخىمۇ ياخشى يۈزلىنىش ئۈچۈندۇر. يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ دائىم مۇنداق دەيدۇ: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا، داقا - دۇمباق چېلىپلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن بولغان تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇشتا، جەزمەن تارىختىن ئىلھام ئېلىپ، تارىخىي تەجرىبىلەردىن دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قىلىش ئەگكۈشتەرنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدىغان، قابىلىيەتنى ئۆستۈرىدىغان بىر مۇھىم تۈگۈن نۇقتا. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پۈتۈن پارتىيەنى نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەشنى چىقىش قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىلدە خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇشتىكى مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تەتبىقلاپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆرەش قىلىش ئىقتىنى كۈچەيتىپ، كۆرەش قىلىش تەجرىبىسىنى بېيىتىپ، كۆرەش قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

شىكۆمبىدىن تيەنئەنمېنغىچە، شىخېي يولىدىن فۇشىڭ يولىغىچە، پارتىيەمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادە تىكلىدى، 100 يىل دەل جاسارەت ئۇرغۇغان دەۋر. مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى، يېڭى مۇساپىگە قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىق پارتىيەسى زىممىسىگە ئالغان تارىخىي بۇرچنى، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئىگىلەشتە، بىز بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا داۋاملىق ياخشى مېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ مۇنداق بىلدۈردى —

# ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخى پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تارىخى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇش تارىخى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۇكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رېئاللىقنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە نەتىجە - ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

«خەلق سوتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز 100 يىللىق كۆرەشنىڭ شانلىق داستانىنى قايتا ئەسلەش ئارقىلىق، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئەسلىي مەقسەت ئارقىلىق كۆرەش قىلىش ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش بۇرچىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 2 - سوت كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى ۋېي جۇنشيا.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى تەشۋىقات - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ شىن مۇنداق دېدى: مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشكە ئاتلىنىپ، ئۆگىنىشتىن تەپەككۇر ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ رۇڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى كادىرلارنىڭ كۈندىلىك ئۆگىنىشىگە سىڭدۈرۈپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىمىز. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، داۋلنى بىلىپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلىپىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز».

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن گوچۈن مۇنداق دېدى: پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىش ياشلارنى ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي مېلودىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇش، زورايتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتۇش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، يۈكسىلىشكە، ياخشىلىققا يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرىمىز.

**(مۇخبىر جاۋ جيۈن، قاتناشقان مۇخبىرلار ياڭ شۇخەن، لى شىڭ، گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ جۈن، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن شى چيەن)**

□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى

# پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى كەڭ فوتوگرافلار بىردەك كۈچلۈك نارازىلىقىنى بىلدۈردى، قاتتىق غەزەپلەندى ۋە قەتئىي قارشى تۇردى!

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىپ، ئۇل ئەسلىھەلەر ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى كەڭ فوتوگرافلار فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق رېئاللىقنى خاتىرىلەش، ھەقىقىي ئەھۋالنى نامايان قىلىشتا چىڭ تۇردى. ھەر مىللەت فوتوگرافلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ھەمدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالتاي، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەش جەريانىدا، بىز فوتو ئاپپاراتىنى ئاساسىي قاتلامغا توغرىلاپ، شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈردۇق. ئۇ دا 21 نۆۋەت فوتو سۈرەت بەدىئىي ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. ھەربىر پارچە سۈرەت ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدى، گۈزەل شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى نامايان قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى. شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى ھەر مىللەت فوتوگرافلارنى مەملىكەتلىك تۈرلۈك فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى، فوتو سۈرەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2020 - يىلى شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك گۈزەل جۇڭخۇا (ئالتۇن داڭقان مۇكاپاتى) مەملىكەتلىك مەنزىرە فوتو سۈرەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شەخسىي مۇكاپاتتا ئېرىشكۈچىلەر تىزىملىكىدە، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ماھىرلىرى جەمئىي ئۈچ تۈردە ئالتۇن مېدالغا، ئالتە تۈردە كۈمۈش مېدالغا، سەككىز تۈردە مىس مېدالغا، 20 تۈردە نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىزنىڭ پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى فوتو سۈرەت ساھەسىدە نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار، ئۇلار شىنجاڭغا بولغان تەلپۈنۈشى بىلەن، سەممىيىتى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن كېلىپ، ھەقىقىي تۈردە فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە گۈزەل شىنجاڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ھەم ئۇلارنى خاتىرىلىدى، بۇلار پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى.

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ، پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، ئۇ تارقاتقان تۈرلۈك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەر جەزمەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)